


# دۆەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنى مەستخۇش قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ رېن جياڭ

ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن دۆەنۋۇ بايرىملىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، «شىنجاڭنى سۆيۈش · يۇرتنى ساياھەت قىلىش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، دىققەتنى مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېسىل مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەتچىلەرگە «شېئىر ۋە يىراق جاي»نىڭ گۈزەللىكىنى تولۇق ھېس قىلدۇردى.

«ئۆزۈم ئاپتوموبىل ھەيدەپ كۆكتوقاي ناھىيەسىگە باردىم، يول تۈپتۈز، كەڭ ئىكەن، مەنزىرىسى كىشىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىدىكەن» دېدى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كۆكتوقاي ناھىيەسىگە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەتكە بارغان شى مىن كۆكتوقايدىكى شىجۇڭشەن تېغى مەنزىرە رايونىنى ساياھەت قىلغان چاغدا.

شۇ كۈنى، شى مىن بىلەن بىللە ساياھەتكە كەلگەنلەر ئىچىدە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتىگە قاتناشقان 40 نەچچە ئاپتوموبىللىق 100دىن ئارتۇق ساياھەتچى بار بولۇپ، ئۇلار «ئالتاي مىڭ چاقىرىملىق رەسىم كارىدورىنى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش» پائالىيىتىدە، چىڭگىل ناھىيەسى، بۇرچىن ناھىيەسى، كۆكتوقاي ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلاندى.

«يول بويىدىكى مەنزىرىلەر بەك گۈزەل ئىكەن، ھەممىلا يەر مەنزىرىلىك ئىكەن.» 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، بېيتۈنلۈك ساياھەتچى شۈ يى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ مايتاغ - كۇچا تاشيولى بىلەن تيانشان مەنزىرە رايونىغا كەلدى.

دۆەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، مايتاغ - كۇچا تاشيولى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەتكە چىقىدىغانلار بەس - بەستە بارىدىغان جايغا ئايلاندى، شىخو شەھىرى، ساۋەن ناھىيەسىگە ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەتكە كېلىدىغانلار كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 مىڭدىن ئاشتى.

بۇ دەم ئېلىش مەزگىلىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىكى بارلۇق تېغى، فوشەن دۆلەت ئورمان باغچىسى، لۇجياۋەن قولتۇقى، تارباغاتاي تېغى، ياۋا مېۋە ئورمىنى قاتارلىق مەنزىرە رايونلىرىنىڭ ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانلىرى ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ كەلگەنلەرنىڭ ئاپتوموبىللىرى بىلەن لىق تولدى، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارى 1000 ئادەمدىن ئاشتى.

زۆڭزا تۈگۈش، ئەجدىھا قولۋاق ھەيدەش دۆەنۋۇ بايرىمىدىكى ئەنئەنىۋى تۈرلەردۇر، ھەرقايسى جايلاردىكى شەكلى ھەر خىل مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيەتلىرىمۇ نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

دۆەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيەسىدىكى مەدەنىيەت - ساياھەت كەچلىك بازىرى دۆەنۋۇ بايرىملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى ۋە توردا بىۋاستە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنى شۇ جايدىكى مەنزىرە رايونلىرىغا بېرىشقا جەلپ قىلدى.

جېمىنەي ناھىيەسىدىكى ئوتلاق شىچېڭ مەنزىرە رايونى زۆڭزا تۈگۈش ماھارىتى بويىچە چوڭ مۇسابىقىلىشىشنى يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلەرنى زۆڭزا تۈگۈشكە، زۆڭزىغا ئېغىز تېگىشكە تەكلىپ قىلدى، مىللىيچە ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىدىن ھوزۇرلاندۇردى. پۈتۈن ئالتاي ۋىلايىتى 56 تۈرلۈك خاس مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى.

بۇ دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى 180 تۈردىن ئارتۇق مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئەۋج ئالدۇرۇلغان دۆەنۋۇ ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرى ساياھەتچىلەرنىڭ چوڭقۇر قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

دۆەنۋۇ بايرىمى مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا گۈللەر ئېچىلىپ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ خۇش ھىدى تارالدى. گۈل تاماشا قىلىش، مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۈزۈش، قىسقا مۇساپىلىك ئىستىراھەت ساياھىتى ساياھەتچىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ باغچىسى نىلۇپەر گۈلى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، بەس - بەستە ئېچىلغان نىلۇپەر گۈللىرىگە سۇ تامچىلىرى قوشۇلۇپ بەئەينى سېھىرلىك ئالەمگىلا ئايلانغانىدى. ئۈرۈمچى شەھىرى شۈيموگوۋ رايونى شىرىن زىگۇۋ كەنتىدىكى يى نوگېيۈەندە 300 موغا يېقىن يەردىكى ئەتىرگۈللەر بەس - بەستە ئېچىلغانىدى، گۈل تاماشا قىلىش دەم ئېلىش كۈنلىرىدە نۇرغۇن شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئالدىن تاللىشىغا ئايلاندى.

ھەرقايسى جايلار يەنە قىسقا مۇساپىلىك، يېقىن ئەتراپتىكى ساياھەت لىنىيەلىرىنى بەس - بەستە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالتەشۇئار كوچىسىدا تارىخىي مەدەنىيەت كوچىسىنى سەيلە قىلىش، قازانچى مىللىي ئۆرپ - ئادەت ساياھەت رايونىدا ئات ھارۋىسى «خادىڭ»قا ئولتۇرۇپ ئۆزگىچە تۇرالغۇلارنى ساياھەت قىلىشتىن ساياھەتچىلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەتنى ھېس قىلدى؛ نارات ئوتلىقىدا ساياھەتچىلەر يەنە «كۆكتىكى ئوتلاق»نىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلاندى.

بۇ دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ساياھەتچىلەر چۆچەك شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى يېمەك - ئىچمەك كوچىسى كەچلىك بازىرىدا قىزىغا ئېغىز تەگدى، شۇنداقلا خوتەن شەھىرىنىڭ خوتەن كەچلىك بازىرىدا قېتىق زۆڭزىسىنىڭ تەمىنى تېتىدى، يەنە ئالتاي شەھىرىدىكى لەنۋەن كەچلىك بازىرىدا بېلىق كاۋىپى يېدى... بۇنىڭدىن سىرت، دۆەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى ئېلىپ يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ مېۋە - چېۋە، كۆكتات ئۈزۈشنى ھېس قىلىشمۇ ئاز بولمىغان كىشىلەرنىڭ ساياھەتكە چىقىشتىكى تۇنجى تاللىشىغا ئايلاندى.

(بېشى 1 - بەتتە)

زۇڭتۇڭ ماماۋ جۇڭگودا مۇۋەپپەقىيەتلىك زىيارەتتە بولدى، بىز مول نەتىجىلىك ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدۇق. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشى داۋامىدا، جۇڭگو بىلەن كىرىباتى جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق مېھرىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. مەن جۇڭگو - كىرىباتى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ماماۋ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، جۇڭگو - كىرىباتى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە خەلق ئارمىيەسىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئارمىيە دېگەن ئارمىيە، ساقچى دېگەن ساقچى، خەلق دېگەن خەلق پرىنسىپى بويىچە، زاپاس قىسىملارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى تەڭشەلدى.

«قارار»دا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زاپاس قىسىم قۇرۇلۇشىنى قوللىشى كېرەك. ئارمىيە بىلەن يەرلىكتىكى ئالاقىدار ئورۇنلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، زىچ ماسلىشىپ ھەمكارلىشىپ، مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ئىنچىكە ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، زاپاس قىسىملارنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ تەكشى، مۇقىم ئالمىشىشى، تەرتىپلىك جىپسىلىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

تۈرلۈك سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئىمپورتنى پائال كېڭەيتىپ، چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش ئىمپورت سىياسىتىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، تاۋار تۈرلىرىنى موللاشتۇرۇپ، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، خاس ساياھەت تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت - ساياھەت ئىستېمالىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا سىرتىدىن كىرىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ ئىستېمال كۆلىمىنى كېڭەيتىش كېرەك. مەدەنىيەت - ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاقىل ساياھەتنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، «بىر يان تېلېفون بىلەن شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» سۈپىسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كېڭەيتىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش بويىچە ساياھەتچىلەر مەنبەسى بازىرى ماركېتىڭىنى كۈچەيتىپ، ھۆكۈمەت سەھنە ھازىرلاپ بېرىدىغان، كارخانا يېتەكچىلىك قىلىدىغان، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلغان، ساياھەتچىلەر قاتنىشىپ ھەمتۈرتكە بولىدىغان ھەر تەرەپلىمە كېڭەيتىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. خاس ئىستېمال تورىنى زور كۈچ بىلەن قۇرۇپ، بىر تۈركۈم يەرلىك خاسلىق تولۇق گەۋدىلەنگەن بىر پۈتۈن شەكىلدىكى ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئىستېمال سۇپىسىنى بەرپا قىلىش، شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئېلېكترونلۇق سودىنى يېزىلارغا كىرگۈزۈش ئۈلگە كۆرسىتىش تورى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، يېزا تېز يوللانما مۇلازىمەت تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى كارخانىلىرىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. تېز يوللانما ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ ئاۋىياتسىيەسى، تاشيول - تۆمۈريول قۇرۇقلۇق ترانسپورتى يىغىلىش - تارقىلىش مەركىزى ھەم ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ تېز يوللانمىنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، «ئېلېكترونلۇق سودا كەسپلەر باغچىسى + ئەشيا ئوبوروتى باغچىسى»نىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئەشيا ئوبوروتىدىكى ساقلاش - تەقسىملەش بىر گەۋدىلەشكەن مەشغۇلاتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئەقلىي ئىقتىدار +» ئىستېمال ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، 5G تورى قاتارلىق ئۇچۇر ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلۇش قاتارلىق يېڭى ئىستېمال ئەندىزىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىپ، يېشىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېشىل ئىستېمالغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. خاتىرجەم ئىستېمال مۇھىتىنى ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىپ، بازار تەرتىپىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىستېمال ساھەسىنىڭ ئىناۋەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان قىلمىشلارنى قانۇن - بەلگىلىمە بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيە ھەم قايتا ئىشلەپچىقىرىش - پايدىلىنىش قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بايلىق، ھەم «دۆلەتنىڭ خەتەرلىك تاشلاندۇقلار تىزىملىكى»دە بېكىتىلگەن خەتەرلىك تاشلاندۇق، جەزمەن دۆلەتنىڭ خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە يىغىۋېلىش، ساقلاش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيەنى ھاسىل قىلغۇچى ئورۇنلارنى مەنبەدىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، كېرەكسىز تاشلاندۇق ھاسىل قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ قېلىپلاشقان مۇھىت باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيەنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىشنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيەنى مەركەزلىك يىغىۋېلىش ۋە رايون ھالقىپ يۆتكەپ توشۇش تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېرەكسىز قوغۇشۇنلۇق باتارېيەنى يىغىۋېلىش، يۆتكەپ توشۇش، بىر تەرەپ قىلىش بازار تەرتىپىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بىخەتەرلىكى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

# دۆەنۋۇلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدە ئىستېمال بازىرى جانلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خېي خۇڭۋېي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل دۆەنۋۇلۇق قىسقا دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم ئايلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن، ھەر خىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى تەمىناتى يېتەرلىك بولغان، ھەرقايسى جايلاردىكى بايراملىق بازارلاردا تاۋارلار مول، مال مەنبەسى تولۇق، باھا مۇقىم، ئىستېمال جانلىق بولغان.

ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ قېزىپ، ئىستېمال ئىستىكىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، بايرام مەزگىلىدە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىغا مەسئۇل تارماقلار ۋە ئوبوروت كارخانىلىرى ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇپ، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان تاۋارلارنى مەركەزلىك بازارغا سېلىشقا تەشكىللەپ، ئاممىنىڭ بايراملىق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى دوستلۇق بېيشىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزى تاللا بازىرىنىڭ پۇل يىغىش رايونىدا، خېرىدارلار پۇل تۆلەشنى تەرتىپلىك كۈتمەكتە ئىدى، «بايرام مەزگىلىدە پائالىيەت سالمىقى بىرقەدەر چوڭ بوپتۇ، بۈگۈنكى 50 يۈەنگە توشسا 10 يۈەن سوۋغا قىلىش بىرقەدەر ئەرزان توختايدىكەن.» شۇ كۈنى شەھەر ئاھالىسى جياڭ شياۋچۈەن كۈندىلىك بۇيۇملارنى سېتىۋالدى.

شىنجاڭ دوستلۇق بېيشىڭ سودا تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى تاۋار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى لى يۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: دۆەنۋۇلۇق قىسقا دەم ئېلىشنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، دوستلۇق بېيشىڭ مال سېتىۋېلىش مەركىزىمۇ سودا سارايىدىكى كىيىم - كېچەك، گىرىم بۇيۇم، ئۈنچە - مەرۋايىت قاتارلىق تاۋارلارنى ئېتىبار باھادا 70% - 58%كە چۈشۈردى.

ھەر خىل زۆڭزا مەھسۇلاتلىرى ناھايىتى ياخشى سېتىلدى. دۆەنۋۇ بايرىمى مەزگىلىدە، ھەرقايسى چوڭ تاللا بازارلىرىدا زۆڭزا مەخسۇس پوكەيى تەسىس قىلىنىپ، گۆش زۆڭزىسى، خوتۈي زۆڭزىسى، خورما زۆڭزىسى، تۇخۇم سېرىقى زۆڭزىسى قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك زۆڭزىلار ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئەر - ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، لياڭشىيې، قارا كۆزەينەك، قۇياش قالپىقى، ئاپتاپتىن ساقلىنىش مېيى ۋە ئىچىملىك سۇ ماشىنىسى، ھاۋا تەڭشىگۈچ قاتارلىقلارمۇ بازىرى ئىتتىك تاۋارلارغا ئايلاندى.

قىسقا دەم ئېلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بايرام كەيپىياتى قويۇق بولدى، ئىستېمال ئېھتىياجى ئاشتى. ھەرقايسى چوڭ سودا سارايى، تاللا بازىرى، مەخسۇس سېتىش دۇكىنى، زەنجىرسىمان دۇكان قاتارلىقلاردا تاۋارلارنىڭ مال مەنبەسى تولۇق بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش، كۆرگەزمە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، باھانى چۈشۈرۈپ پايدىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، قاراماي شەھىرىدىكى خېجيالې مال سېتىۋېلىش مەيدانى ئېچىلغانلىقىنىڭ تۆت يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى يولغا قويدى، جەمئىي 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان ئېلېكترونلۇق ئىستېمال بېلىتى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمالىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دوۋيىن، كۇەيشوۋ قاتارلىق تور تاراتقۇلىرىدا بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇردى، يەنە كېچىلىك پائالىيەتلەر يولغا قويۇلۇپ، كېچىلىك ئىستېمال كەسپ ھالىتى يەنىمۇ بېيىتىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، دۆەنۋۇلۇق قىسقا دەم ئېلىشتىن قارىغاندا، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، سىرتقا چىقىپ مال سېتىۋېلىش، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ساياھەت قىلىش قىزغىنلىقى تۆۋەنلىمىگەن، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ئىقتىسادىنىڭ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەنلىكى، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىنىڭ ئايلىنىشىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

# ئاپتونوم رايون تۇنجى تۈركۈمدىكى سەككىز كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزىنى بېكىتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شىي خۇيبىيەن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقىتىپ، «شىنجاڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى» قاتارلىق سەككىز مەركەزنى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى قىلىپ بېكىتتى. قۇرۇش - يۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، مۇددەت توشۇپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن رەسمىي ۋۇۋىسكا ئېسىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون بويىچە بېكىتىلگەن بۇ سەككىز كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى شىنجاڭ تىببىي داشۆسى قارىمىقىدىكى 1 - دوختۇرخانىغا تايىنىپ قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ سۆڭەك كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ قاپلىق قۇرت ۋە جىگەر - ئۆت كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ نېرۋا سىستېمىسى كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا تايىنىپ قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ يۇقىرى قان بېسىم(يۈرەك - مېڭە قان تومۇر)ى كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، شىنجاڭ بۆرەك كېسەللىرى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىغا تايىنىپ قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ يۇقۇملۇق كېسەللەر(تۇبېركۇليۇز كېسىلى) كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك مەركىزىي دوختۇرخانىغا تايىنىپ قۇرۇلىدىغان شىنجاڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئۆسمىسىنى دەل جايىدا داۋالاش كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزىدۇر.

ئىگىلىنىشىچە، «دۆلەت كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزىنىڭ بەش يىللىق(2017 - يىلدىن 2021 - يىلغىچە) تەرەققىيات يىرىك پىلانى» ۋە «‹ساغلام شىنجاڭ 2030› يىرىك پىلان پروگراممىسى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مېدىتسىنا پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى باشلىغان.

كلىنىكىلىق مېدىتسىنا تەتقىقات مەركىزى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئېھتىياجىغا يۈزلەنگەن بولۇپ، كلىنىكىدا قوللىنىشنى يېتەكچى قىلىپ، داۋالاش ئاپپاراتلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، توردا ماسلاشتۇرۇشنى تىرەك قىلىپ، كلىنىكىلىق تەتقىقات، ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىش، ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇش، كېڭەيتىپ قوللىنىشتىن ئىبارەت تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە نەتىجىلەرنى ئايلاندۇرۇش تۈرىدىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بازىسىنى قانات يايدۇرىدۇ.